# 85191 - چوشقا گۆشى ياكى هارام نەرسلەرنى يۆتكەشنىڭ هۆكمى

## سوئال

مەن يېمەك-ئىچمەك مەھسۇلاتلىرىنى توپ تارقىتىدىغان ئورۇندا ئىشلەيمەن، دۇكانلارغا تارقىتىلىدىغان مېۋە-چىۋە، سەي-كۆكتات ۋە ھەرتۈرلۈك گۆشلارنى ئامباردىن ماشىنىغا بېسىش جەريانىدا چوشقا گۆشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسلەرنى خېرىدارنىڭ تەلىپى بويىچە يۆتكەشكە مەجبۇر بولىمەن. بۇ ئورۇندا مەزكۇر ئىشلارنى قىلىشىمغا شەرىئەتنىڭ ھۆكمى نېمە؟ تېز تاماقخانا ۋە رېستۇرانتلاردا ئىش پۇرستى مەۋجۇت ئەمما ئۇلارمۇ بەزى تاماق تۈرلىرىگە توڭگۇز گۆشى ئىشلىتىدۇ، بۇنىڭغا ئوخشىغان ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىشىمنىڭ ھۆكمى نېمە؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق ھەمدۇ-سانا ۋە مەدھىيە جانابىئاللاھقا خاستۇر.

مۇسۇلمانىنىڭ چوشقا گۆشى سېتىشى ياكى چوشقا گۆشساتىدىغان تىجارەت مەركەزلىرىدە ئىشلىشى، چوشقا گۆشىياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان دىنىمىزدا چەكلەنگەن نەرسلەرنىيۆتكەپ بېرىپ ھەق ئېلىشى جايىز ئەمەس.بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ:**«ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىبۇ تقا چوقۇنۇشنى، توڭگۇز گۆشى يېيىشنى،ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى ئىستىمال قىلىشنى، مەستقىلغۇچى نەرسلەرنى سېتىشنى ھارام قىلدى.»** [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

شۇنىڭدەك،تېز تاماقخانا ۋە رېستۇرانتلاردا، شەرىئەتتەئىستىمال قىلىش چەكلەنگەن نەرسلەرگە ياردەملىشىش،ھاراق توشۇش ۋە خېرىدارلارغا ھاراق قۇيۇش،ھارام ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى توشۇش ۋە سېتىشجايىز ئەمەس. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداقدەيدۇ:﴿وَتَعَاوَنُواْ عَلَى ٱلۡبِرِّ وَٱلتَّقۡوَىٰۖ وَلَا تَعَاوَنُواْ عَلَى ٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡعُدۡوَٰنِۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ﴾ تەرجىمىسى: **«ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققاياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغاياردەملەشمەڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار،ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقدۇر.»**[سۈرە مائىدە 2-ئايەتنىڭبىرقىسمى].

ئاللاھ تائالا مۇنداقدەيدۇ:﴿حُرِّمَتۡ عَلَيۡكُمُ ٱلۡمَيۡتَةُ وَٱلدَّمُ وَلَحۡمُ ٱلۡخِنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ لِغَيۡرِ ٱللَّهِ بِهِۦ وَٱلۡمُنۡخَنِقَةُ وَٱلۡمَوۡقُوذَةُ وَٱلۡمُتَرَدِّيَةُ وَٱلنَّطِيحَةُ وَمَآ أَكَلَ ٱلسَّبُعُ إِلَّا مَا ذَكَّيۡتُمۡ﴾تەرجىمىسى: **«سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپقالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، ئاللاھتىن غەيرىنىڭ (يەنىبۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان،بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەنھايۋان، (ھايۋانلار تەرىپىدىن**

**ئۇسۇپ ئۆلتۈرۈلگەنهايۋان، يىرتقۇچ هايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپىېگەن هايۋاننىڭ گۆشنى يېيىشهارام قىلىندى.لېكىن يۇقىرىقى بەشتۈرلۈك هايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا بوغۇزلىغانلىرىڭلارهالال بولىدۇ.»**[سۈرە مائىدە 3-ئايەتنىڭبىرقىسمى].

مۇسۇلماننىڭ ئاللاهتىن قورقۇشى، هالال كەسپتىنرىزىق ئىزدىشى، دىنىدا چەكلەنگەن كەسپلەر بىلەنشۇغۇللانماسلىقى لازىمدۇر. شەرىئەتتە چەكلەنگەنكەسپلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار توغرىسىدا رەسۇلۇللاھئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **«هارامدىن غىزالاندۇرۇلغان جىسىم جەھەننەمگەھەقلىقتۇر.»** [تەبەرانىرىۋايىتى].

سەئۇدىئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقاتكومىتېتىدىن، چوشقا گۆشى ۋە هاراق ساتىدىغان رىستۇرانتلاردائىشلەش توغرىسىدا سورىغاندا، تۆۋەندىكىدەك جاۋاپبېرىدۇ: مۇسۇلمان ئۈچۈن، ئىسلام دىنىدا يېيىش-ئىچىشچەكلەنگەن چوشقا گۆشى ۋە هاراققا ئوخشىغان يېمەك-ئىچمەكلەرنىساتىدىغان ئورۇنلاردا ئىشلەش ۋە ياردەملىشىش هارامدۇر.مەزكۇر خىزمەت ئارقىلىق تاپقان پۇل هارامدۇر. چۈنكىبۇ چەكلەنگەن ئىش ۋە گۇناھ-مەسىيەتكەھەمكارلاشقانلىق بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداقدەيدۇ:﴿وَلَا تَعَاوَنُواْعَلَى ٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡعُدۡوَٰنِۚ﴾ تەرجىمىسى: **«گۇناھقا ۋە زۇلۇمغاياردەملەشمەڭلار.»**[سۈرە مائىدە 2-ئايەتنىڭبىرقىسمى].

سىزگە بىزنىڭ نەسىھىتىمىز: يۇقىرىدا زىكىرقىلىنغان رىستۇرانت ۋە تىز تاماقخانىلارغا ئوخشاش ئورۇنلارداخىزمەت قىلىشتىن ساقلىنىڭ. بۇنداق قىلغانلىقىڭىز، ئاللاھچەكلىگەن نەرسىلەرگە ياردەم بېرىشتىنتوسالغانلىقىڭىزدۇر.

[سەئۇدى ئەرەبىستانئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى13/49].

خۇلاسە:يېمەك-ئىچمەك مەھسۇلاتلىرىنى توپ تارقىتىدىغان ئورۇنلاردا،ئىسلام دىنىمىزدا چەكلىمە قويۇلغان هارام نەرسىلەرنىسېتىش، توشۇش ۋە يۆتكىمەسلىك ۋەمۇئامىلە قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا ئىشلىسىڭىز بولىدۇ.